سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# سەۋزە ساقال





قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# سەۋزە ساقال

ئاپتورى: رېنارد [فرانسىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيە كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قى-
لىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەر-
جىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。


**كىتاب ئىسمى:** سەۋزە ساقال

**ئاپتورى:** رېنارد [فرانسىيە]

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيە كېرەم

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق

**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ

**پوچتا نومۇرى:** 830000

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32

**باسما تاۋىقى:** 2.5

**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8

**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

**图书在版编目(CIP)数据**

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

**书　　名:** 红萝卜须
**作　　者:** 赖纳 [法]
**翻　　译:** 阿斯艳·克然木
**责任编辑:** 艾尼瓦·库迪力克
**责任校对:** 克尤木·吐尔逊
**出　　版:** 新疆喀什维吾尔文出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编:** 830000
**发　　行:** 新疆新华书店
**印　　刷:** 新疆八艺印刷厂
**开　　本:** 787mm×1092mm 1/32
**印　　张:** 2.5
**版　　次:** 2009 年 1 月第 1 版
**印　　次:** 2009 年 2 月第 1 次印刷
**书　　号:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**定　　价:** 60.00 元 (全十册)



# كىرىش سۆز

«سەۋزە ساقال» يۇمۇر بىلەن مەسخىرە سىڭدۈرۈلگەن كىشىلىك ھايات كارتىنىسى بولۇپ، ھەسرەتلىك كۈلكە چىقىپ تۇرغان ئائىلە تېمىسىدىكى بالىلار ھېكايىسىدىن ئىبارەت. بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى تىپىك پېرسوناژ «سەۋزە ساقال»نىڭ يارىتىلغانلىقىدا. بۇ بەختسىز بالا ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق بولۇپ، باشقا بالىلاردەك مېھرىبان ئاتا ـ ئانىغا، ئىللىق ئائىلىگە موھتاج. ۋەھالەنكى، ئالا كۆڭۈل ئانىسى ئۇنى ھەممە يەردە خورلايدۇ، شەخسىيەتچى ئاكىسى بىلەن ئاچىسى ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بوزەك ئېتىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى «سەۋزە ساقال» بارا ـ بارا غەلىتە مىجەزلىك، ئۆزىنى پەس كۆرىدىغان بالا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھېكايە ناچار مۇھىتنىڭ ياخشى بالىنى يامانغا ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنى دەل «ياغاچ قونچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى»نىڭ ئەكسىچە بولسىمۇ، لېكىن ھاياتلىق تەربىيىسى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا تامامەن ئوخشايدۇ.





# سەۋزە ساقال



«سەۋزە ساقال»نى فرانسىيىلىك ھېكايىچى رېنارد (Jules Renard 1864 ــ 1910) يازغان. ئۇنىڭ ناتۇرالىزم-چىلار بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولغان، ئۇ تەبىئەت بىلەن كىشىلىك ھاياتنى ئىنچكە ۋە چوڭقۇر كۆزەتكەن. ئۇ گەۋدىلەندۇرۇشنى ئىپادىلەشتىن مۇھىم بىلىدىغان ئەدەبىي رەسسام. ئەسلىي ئەسىرى 1894 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئې-رىشتىم، سەھنە تىياتىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. خۇددى ئالQ جۇڭگولۇقلارغا تونۇشلۇق بولغاندەك، فرانسىيە-دىمۇ «سەۋزە ساقال» ھەممە ئادەمگە تونۇش پېرسوناژ ھېسابلى-نىدۇ.

بۇ كىتاب ئەسلىي ئەسەرنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۇەن

1997 ـ يىل 8 ـ ئاي









# مۇندەرىجە


«سەۋزە ساقال» دېگەن بۇ بالا ........ 1

توخۇ كاتىكى ........ 8

قىرغاۋۇل ........ 10

قارا بېسىپتۇ ........ 13

گارشۇك ........ 14

توشقانلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ........ 17

ئوۋ مىلتىقى ........ 19

كاناي ........ 23

كۈندىلىك دەرس ........ 25

يېڭى يىل ........ 29

ئارزۇ ........ 33

قەلەم ........ 35

پىت ........ 38

خۇددى بىروتىسقا ئوخشاش ........ 43

دادىسى بىلەن يېزىشقان خەتلەر ........ 46






# سەۋزە ساقال




كەپە ........................................................51
مۈشۈك ....................................................54
قوي ..........................................................57
كۈمۈش تەڭگە .........................................61
ئاسىيلىق ....................................................66
تۈگىمەس سۆز .............................................70










# «سەۋزە ساقال» دېگەن بۇ بالا

## 1

«سەۋزە ساقال»نىڭ چىرايى بىر ئازمۇ يېقىملىق ئەمەس: بۇرنى خۇددى نوگايئامۇتتەك چوقچىيىپ تۇرىدۇ، قۇلىقىدىكى كىردىن كېپەك ئۆرلەپ تۇرىدۇ، بوينىنى چەمبەر سېلىپ قويغاندەك قېلىن قاسماق بېسىپ كەتكەن، ئاغزىدىن سېسىق پۇراپ تۇرىدۇ، ئۇ پۇتلىرىنى ناھايىتى ئېغىر يۆتكەيدۇ، ئېڭىشىپ ماڭىدۇ، بەك سەت كۆرۈنىدۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى «سەۋزە ساقال» دەيدۇ. ھەم شۇنداق دەپ ئادەتلىنىپ كەتكەن. بىرەرسى ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى چاقىرسا ئاڭلىغۇچى ھەيران قالىدۇ، چاقىرغۇچى چاقىرىشتىن ئىلگىرى ھامان ئارىسالدى بولىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنى «سەۋزە ساقال» دەيدۇ؟ چېچى سېرىق بولغاچقىمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ سېرىق، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ «سەۋزە ساقال»نىڭ ئاپىسى رېپىك خانىم.





# سەۋزە ساقال



## 2

«سەۋزە ساقال»نىڭ ئائىلىسىدە دادىسى رېپىك ئەپەندى، ئاپىسى رېپىك خانىم، ئاچىسى ئېلىلىستىن ۋە ئاكىسى فېنكىس قاتارلىق بەش جان بار. «سەۋزە ساقال» بالىلارنىڭ كەنجىسى.

بۇلاردىن باشقا، يەنە بىر ئىشلەمچى ئايالمۇ بار.

## 3

رېپىكلارنىڭ ئۆيىدىكى ئالبومدا رەسىم ناھايىتى كۆپ. ئاچىسى ئېلىلىستىن بىلەن ئاكىسى فېنكىسنىڭ رەسىمى ئالاھىدە كۆپ.

— لېكىن «سەۋزە ساقال»نىڭچۇ؟

— مەندە ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىكى رەسىملىرى بار، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ رېپىك خانىم، — لېكىن ئۇ رەسىمگە ناھايىتى چىرايلىق چۈشكەنلىكتىن باشقىلار ئېلىپ كېتىپ، ئۆزۈمدە بىرەر پارچىسىمۇ قالمىدى.

ئەمەلىيەتتە «سەۋزە ساقال»نى ھېچكىم رەسىمگە تارتىپ باققان ئەمەس.

## 4

ئۆيدە «سەۋزە ساقال» ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرىدۇ. قىش كۈنلىرى سەھەردە تاڭ يورۇپلا كارىۋاتتىن چۈشۈپ سائەتنى سىلاپ كۆرىدۇ، بارماقلىرى بىلەن





سائەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىستىرېلكىلىرىنى سىلاپ باقىدۇ.

## 5

بىرەرسى «سەۋزە ساقال»نى باشقا بىرسى بىلەن پاراڭ سېلىشقا تونۇشتۇرسا، ئۇ ھەممىشە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بېشىنى تولغاپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ، تامغا سۈركىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن:

ــ مېنى سۆيۈپ قويۇشنى خالامسەن، ــ دەپ سورىسا، ئۇ ئەزمىلىك بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

ــ ۋاي! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.

## 6

«سەۋزە ساقال» ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىشقا ئامراق.

ئۇ رېپىك خانىمغا ئۇچراپ قالغاندا قولىنى يانچۇقىدىن دەرھال چىقىرىۋالىدۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا كېچىكىپ قالغان بولىدۇ.

بىر قېتىم رېپىك خانىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، «سەۋزە ساقال»نىڭ يانچۇقىنى تىكىۋەتتى، ھەتتا قولىنىمۇ يانچۇققا تىكىپ قويدى.

## 7

«سەۋزە ساقال» باشقا بالىلار بىلەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايدۇ.

قىش بولۇپ، مۇز تېپىلىدىغان كىچىككىنە مەيدان







تەييارلايدۇ.

سەكرەپ ئوينىغاندا، ئۇ ھەمىشە ئېڭىشىپ بېرىدۇ، بالىلار ئۇنىڭ ئۇستىدىن، بېشىدىن سەكرەپ ئۆتىدۇ.

تورنىك ئوينىغاندىمۇ باشقىلار ئۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە ئەركىنلىكى قۇربان بولسىمۇ مەيلى.

مۆكۈشمەك ئوينىغاندا، ئۇ شۇنداق پۇختا مۆكىدۇكى، باشقىلار ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

## 8

«سەۋزە ساقال» ئۆيدىكى ئىشلەمچى ئايالغا:

— ئەگەر رېپىك خانىم ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ يامان گېپىمنى كۆپرەك قىلىپ تۇر، — دەيدۇ.

## 9

رېپىك خانىم ھېچنېمىدە ھېچنېمە يوق ئۆزىچە كۇلۇپ قويىدۇ.

«سەۋزە ساقال» بۇ ئانام ماڭا قاراپ كۇلدى، دەپ بىلىپ، خۇشلۇقىدا ئانىسىغا ئەگىشىپ كۇلىدۇ.

لېكىن رېپىك خانىم قاپىقىنى تۈيۇقسىز تۈرۈۋالىدۇ.

ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن «سەۋزە ساقال» نەگە قېچىشىنى بىلەلمەي قالىدۇ.





## 10

رېپىك خانىم «سەۋزە ساقال»غا مۇنداق دەيدۇ:

— بىر ئادەم يىغلىغاندا ئۆزىنىڭ نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

بىردەمدىن كېيىن رېپىك خانىم «سەۋزە ساقال»نىڭ تەرسالىقىدىن باشقىلارغا مۇنداق دەيدۇ:

— مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟ ئۇنىڭ كاچىتىغا سالسام، كۆزىدىن بىرەر تامچە ياشمۇ چىقمايدۇ!

## 11

رېپىك خانىم مۇنداق دەيدۇ:

— ئاسماندا كىچىككىنە داغ بولسا، يولدا بىر دۆۋە پوق بولىدۇ، «سەۋزە ساقال» مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— ئۇ ناھايىتى تەكەببۇر، شۇنچىلىك تەكەببۇركى، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆلۈۋېلىشتىن يالتايمايدۇ.

## 12

ئۆلۈۋېلىش دېگەندە، راست، «سەۋزە ساقال» چېلەكتىكى سۇدا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغان، تۇمشۇقىنى سۇغا تىققان چاغدا پەلتو كىيگەن بىرسى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چېلەكنى ئۆرۈۋەت-







كەن، سۇ تۆكۈلۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» ئۆلمەي قالغان.

## 13

بەزىدە رىپىك خانىم باشقىلار بىلەن «سەۋزە ساقال» ئۇستىدە سۆزلىشىپ قالسا، ھامان ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر «سەۋزە ساقال»نى چوشقا كۈچۈكى يەپ كەتمىگەن بولسا، كەلگۈسى ئۇ يوغىناپ كەتكەن بولاتتى.

## 14

«سەۋزە ساقال» ساددىلىق بىلەن ئويلاپ كېتىدۇ:

ئەگەر بىرەر كىشى ئاكام فېنكىسقا ياساپ بەرگەندەك، ماڭىمۇ ياغاچ ئات سوۋغا قىلغان بولسا، دەرھال سەكرەپ چىقىپ، شۇ ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتىم.

## 15

ئاچىسى ئېلىلىستىن يېقىندا توي قىلماقچى بولدى. رىپىك خانىم ئۇنى «سەۋزە ساقال»نىڭ نازارىتى ئاستىدا يېگىتى بىلەن ئايلىنىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلدى.

— سەن ئالدىمىزدا مېڭىۋەر، — دېدى ئاچىسى ئېلىلىستىن، — سەن يالغۇز سەكرەپ ئويناۋەرگىن.

شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يالغۇز سەكرەپ باقتى، ئارسالدى بولدى، قەدىمىنى



تۇيۇقسىز ئاستىلاتقاندا، ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان سۆيۈشۈش ئا-
ۋازلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇ يۆتىلىپ قويدى.

ئۇ بىر خىل غەزەپ ۋە بىئاراملىق ھېس قىلدى.

مەھەللىدىكى كرېست تاختىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شەپ-
كىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ، غەزەپ بىلەن سۆزلىدى:

ــ مېنى مەڭگۈ بىرەرسى سۆيمەسمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان رېپىك خانىم تامنىڭ كەينىدىن بې-
شىنى چىقاردى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە قورقۇنچلۇق تەبەسسۇم
جىلۋە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» ئالاقزادە بولۇپ، يەنە بىر
ئېغىز گەپ قوشۇپ قويدى:

ــ ئاپامدىن باشقا.







# توخۇ كاتىكى

دېرىزىدىن قارىسا، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى توخۇ كاتى-كىنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى غۇۋا كۆرۈنەتتى.

— «سەۋزە ساقال»، كاتەكنىڭ ئىشىكىنى چىڭ ئېتىپ قوي! — دېدى رېپىك خانىم كەنجى بالىسىغا.

ئۇستەل ئاستىدا ئويناۋاتقان «سەۋزە ساقال» بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى قورۇنۇپ مۇنداق دېدى:

— لېكىن، ئاپا، قورقىدىكەنمەن، مەن...

— نېمە!؟ — دەپ ۋارقىرىدى رېپىك خانىم، — شۇنچە چوڭ بولغان بالىمۇ قورققان بارمۇ؟ قىزىق گەپ، تېز ماڭ!

لېكىن «سەۋزە ساقال» يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ، مېڭىش-قا پېتىنالمىدى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا توۋلىدى:

— ئەمدى چىقمىساڭ، كاچىتىڭغا يەيسەن!

— ئەمىسە بىرەيلەن ماڭا چىراغ تۇتۇپ بەرسۇن، — دېدى «سەۋزە ساقال» بىچارە قىياپەتتە.

رېپىك خانىم بىلەن ئاكىسى فېلىكىس سوغۇق ھىجا-





يىپ قويدى؛ ئاچىسى ئېلىلىستىنىنىڭ ئىچى ئاغرىپ شامىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى كارىدورنىڭ بېشىغا باشلاپ باردى، لېكىن شامال شامنى ئۆچۈرۈپ قويدى، ئاچىسى قورقۇپ ئۆيگە كىرىۋالدى.

قاراڭغۇدا «سەۋزە ساقال» قورقۇپ تىترەپ كەتتى. قاتتىق بوران خۇددى سوغۇق پالاستەك ئۇنى ئورىۋالدى؛ تولكە ۋە بۆرىلەرنىڭ تۇمشۇقلىرى ئۇنىڭ كاچاتلىرىغا تېگىپ كېتىدىغاندەك قىلدى، ئۇلار خىرقىراپ نەپەس ئالىدۇ. ئۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي قاراڭغۇدا تىترەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ، كاتەكنىڭ ئىشىكىدىكى ئىلغۇچنى ئاخىرى تاپتى.

ئۇ ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا خۇددى قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى، ئۇ ھاسىراپ ئۆيگە يېنىپ كىرگەندە مىيىقىدا كۈلۈپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا مەيدىسىنى كېرىپ، باشقىلارنىڭ ماختاپ قويۇشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈتتى.

لېكىن ئاكىسى فېنكىس بىلەن ئاچىسى ئېلىستىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋا قىلماي كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋەردى. رېپېك خانىم ئىنتايىن تەبىئىي تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

ــ «سەۋزە ساقال»، ھەر كۈنى كېچىسى توخۇ كاتىكىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ قوي!







# قىرغاۋۇل

رېپىك ئوۋدىن يېنىپ كېلىپ، خالتىسىدىكى ئىككى دانە قىرغاۋۇلنى ئۈستەلگە قويدى.

ھەر بىر بالىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى بار ئىدى: ئاكىسى فېكىس ئوۋلاپ كېلىنگەن نەرسىلەرنىڭ سانىنى تاش تاختايغا يېزىپ قويىدۇ. ئاچىسى ئېلىلىستىن يۇڭداش ۋە سويۇش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. «سەۋزە ساقال» چۇ، ھەممەيلەن ئۇنى «باغرى تاش» دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇ يارىلانغان ھايۋانلارنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئىككى دانە قىرغاۋۇل قىمىرلاپ بويىنىنى تولغىدى.

— ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، — دېدى رېپىك خانىم.

— ئاپا، ئۇلارنى تاش تاختايغا يېزىپ قويۇش نۆۋىتىنىڭ ماڭا كېلىشىنى خالايتتىم، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— تاختاي بەك ئېگىز، بويۇڭ يەتمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، توكىنى يۇڭداشنىمۇ خالايتتىم.

— ئۇ ئوغۇل بالا قىلىدىغان ئىش ئەمەس!

شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» ئىككى دانە قىرغاۋۇلنى





قولىغا ئالدى. ئۇ ھەر بىر قولىدا بىردىن قىرغاۋۇلنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى.

— ئىككىسىنى تەڭ ئۆلتۈرەمسەن؟ ھايۋان! — دېدى رېپىك.

— شۇنداق قىلسام تېزرەك بولامدۇ، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ئۆز كۆڭلۈڭنى خوش قىلىمەن دەپ، سۆرەلمىلىك قىلما، — دېدى رېپىك خانىم.

قىرغاۋۇللار جان تالىشىپ يەرنى تاتىلىدى، قاناتلىرىنى پالاقلاتتى، پەيلىرى ھەممە يەرگە تۇزۇدى. «سەۋزە ساقال» ئۇلارنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىۋېلىپ، چىرايى بىردەم قىزىرىپ، بىردەم تاتىرىپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. قىرغاۋۇللارنىڭ قىينىلىپ ئۆلۈشىنى كۆرۈشكە چىدىماي، ئۆزىنىڭ بېشىنى ئېگىز قىلىپ، قىرغاۋۇللارنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا بەتىنكىسىنىڭ تۇمشۇقى بىلەن كۈچەپ تەپتى.

رېپىك پىشقان ئوۋچى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىچى ئېلىشىپ، نېرى كەتتى.

— بولدى! — دېدى «سەۋزە ساقال» جېنى چىقىپ بولغان قىرغاۋۇللارنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ.

ئىككى دانە قىرغاۋۇلنىڭ باشلىرىدىن قان چىققان ۋە مېڭە قېتىقى چىقىپ قالغانىدى.

رېپىك خانىم گەپ باشلىدى:



— قىرغاۋۇلنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش كېرەككەن-دۇق، مانا ھەممە يەرنى بۇلغاپ تۈگىتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئاكىسى فېنىكس گەپ قىلدى:

— راست، بۇ قېتىم بۇرۇنقى قېتىملاردىكىدەك ياخشى قىلماپتۇ.







# قارا بېسىپتۇ

چوڭ ئۆيگە ئىككى كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى رېپىكنىڭ، يەنە بىرسى رېپىك خانىمنىڭ. «سەۋزە ساقال» بەزىدە ئاپىسىنىڭ كارىۋىتىدا، ئاپىسىنىڭ يېنىدا ياتىدۇ.

كېچىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن، «سەۋزە ساقال» ھەمىشە قاتتىق خورەك تارتىدۇ. خورەك تارتىپ ئاپىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، «سەۋزە ساقال» ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يوتقانغا چۈمكۈلۈۋېلىپ يۆتىلىپ، كېكىردىكىنى تازىلايدۇ؛ يېنىك نەپەس ئېلىپ، بۇرنىنىڭ توسۇلۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى سىناپ كۆرىدۇ، قاتتىق خورەك تارتماسلىقنى مەشىق قىلىدۇ، لېكىن كۆزى ئۇيقۇغا بېرىش بىلەن تەڭلا خورىكى باشلىنىدۇ.

رېپىك خانىم ئىككى تىرنىقىنى دەرھال ئۇنىڭ كاسىسىدىكى ئەڭ سېمىز جايغا سانجىپ، بەزىدە قانىتىۋېتىدۇ.

ئاغرىق ئازابىدىن «سەۋزە ساقال» چىرقىراپ كېتىدۇ، رېپىك ئەپەندىنىمۇ ئويغىتىۋېتىدۇ. رېپىك ھەيران قېلىپ سورايدۇ:

ــ نېمە بولدى؟

ــ ئۇنى قارا بېسىپتۇ، ــ دەيدۇ رېپىك خانىم.

ئاندىن ئىنىكئانا كىچىك باللىنى بەزلىگەندەك، ھىندىستانلىقلار ئېيتىدىغان ئەللەي ناخشىسىنى غىڭشىپ قويىدۇ.









## گارشۇك

بىر كۈنى ئەتىگەندە رېپىك خانىم تالادىنلا بىر نەرسىنى پۇرىغاندەك ئىشىكنى ئېچىپلا بۇرنىنى پۇ-رۇشتۇردى. بۇ چاغدا «سەۋزە ساقال» تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى.

— ئەجەب غەلىتە پۇراققۇ بۇ، — دېدى ئۇ.

— تىنچ تۇرۇپسىز ئاپا، — دېدى «سەۋزە ساقال». لېكىن رېپىك خانىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆينىڭ ئىچىنى پۇراشقا باشلىدى، يوتقانىنى تارتىۋەت-تى، بىردەمدىن كېيىن سۈيدۈكتە ھۆل بولغان كۆر-پىنى تاپتى. «سەۋزە ساقال» ئالدىراپ - تېنەپ سۆز-لەشكە باشلىدى:

— ئاخشام سۈيدۈكۈم قىستاپ كېتىۋىدى، ئۆيدە گارشۇكنى تاپالمىدىم.

— خەپ يالغانچى، ھارامزادە! — دېدى رېپىك خانىم.

ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ، گارشۇكنى تۇيدۇرماي





ئېلىپ كىرىپ، كارىۋاتنىڭ ئاستىغا چاققانلىق بىلەن قويۇپ قويدى.

ئاندىن ھەممەيلەننى ئويغىتىپ، «سەۋزە ساقال» نى سۆرەپ كېلىپ، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ، مۇنداق ئەسكى بالا بىلەن!

ئۇ «سەۋزە ساقال» نىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۆلمىگۇر! ھايۋاننىڭ بالىسىغا ئوخشايسەن! گارشۇكنى ئەكىرىپ قويسام ئىشلەتمەيسەن، ئەگەر گارشۇكنى ھايۋانغا بەرگەن بولسامۇ ئىشلىتىشنى بىلگەن بولاتتى!

«سەۋزە ساقال» يالاڭ ئاياق، ئۇچىسىدا ئۇخلاش كىيىمى، كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى گارشۇكقا قاراپ تۇردى، بۇ گارشۇك ئاخشام ئۇ يەردە بولمىسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇ يەردە تۇرۇپتۇ، بۇ پاكىز گارشۇك ئاقلىقىدىن ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى.

چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەت ئەكەلگەن پوچتىكەش، مەسخىرە قىلىپ ھىجىيىپ تۇرغان قوشنىلار بار. ئۇلار «سەۋزە ساقال» غا قاراپ غۇدۇڭشۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوئاللارنى قويۇۋاتىدۇ.







— سىلەرگە قەسەم قىلىپ بېرەي! — دېدى «سەۋزە ساقال» ئاخىرى زۇۋانغا كېلىپ، — نېمە بولۇپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمىدىم، مېنى خالىغىنىڭلارچە جازالاڭلار.









# توشقانلار بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش

— ساڭا تاۋۇز قالمىدى، — دېدى رېپىك خانىم، — ئەمە-
لىيەتتە، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تاۋۇزغا ئامراق ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، — ئويلاندى «سەۋزە ساقال» شۇنداق ئويلايت-
تى، بەلكى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر ئىدى، ئەگەر بۇنداق ئوي-
لىمىسا، بەك خەتەرلىك ئىدى.

لېكىن «سەۋزە ساقال» تاۋۇز يېيىشكە راستىنلا
ئامراق ئەمەسمۇ؟ «سەۋزە ساقال» نىڭ تېتىپ بېقىش ئارزۇ-
سىنى قاندۇرۇش پۇرسىتىمۇ يوقمۇ؟

ئۆيدىكىلەر تاۋۇزنى يەپ بولغاندا رېپىك خانىم مۇنداق
دېدى:

— «سەۋزە ساقال»، سەن ماۋۇ شاپاقلارنى ئاپىرىپ ئاۋۇ
توشقانلارغا تاشلاپ بەر.

«سەۋزە ساقال» تاۋۇز شاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاستا
ماڭدى، ئۇ توشقانلار سولانغان ئۆيگە كىرگەندە توشقانلار
خۇش بولۇپ سەكرىشىپ كەتتى، قۇلاقلىرىنى دىك قىلدى،
تۇمشۇقلىرىنى ئاسمانغا سوزدى، بىردەم - بىردەم ئۆرە
بولۇپ، ئالدى پۇتلىرىنى سوزۇپ، دۇمباق چالغاندەك ھەرىكەت-









لەندۈرەتتى.

توشقانلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، «سەۋزە ساقال» نى قورشىۋالدى.

— مانا ـ مانا، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھەممەيلەن تەڭ بەھرىمەن بولايلى.

«سەۋزە ساقال» شۇنداق دەپ، بىر دۆۋە ماياق، ئوت ـ چۆپ، كۆكتات يىلتىزلىرى، ئاپتاپپەرەس يوپۇرماقلىرىدەك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تاۋۇز ئۇرۇقلىرىنى توشقانلارغا بېرىپ، تاۋۇزنىڭ شاپىقىدىكى سۈيىنى سۈمۈردى، باشقىلار پاكىز غاجىۋەتكەن تاۋۇز شاپاقلىرىنى غاجىدى، شاپاقنىڭ سۈيى بار قىسمىنى پاك ـ پاكىز غاجاپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق يېشىل پوستىنى يېنىدا ئارقا پۇتى بىلەن تىك تۇرغان ئىككى توشقانغا تاشلاپ بەردى.

توشقان ئۈۋىسىنىڭ ئىشىكى ئېتىك ئىدى.

«سەۋزە ساقال» نىڭ شېرىن مەيدەك تاۋۇز شىرنىسىدىن توشقانلار بىلەن بىللە بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى.





# ئوۋ مىلتىقى

رېپىك ئىككى دانە ئوۋ مىلتىقى سېتىۋېلىپ ئىككى ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

— ئىككىڭلارغا بىر تال ئوۋ مىلتىقى بولسىلا بولىدۇ، ياخشى قېرىنداشلار ھەممە نەرسىنى تەڭ ئىشلىتىشى كېرەك.

— توغرا ئېيتتىڭىز دادا، — دېدى فېكىس جاۋاب بېرىپ، — ئىككىمىزگە بىر تال مىلتىق بولسىلا بولدى، بەزىدە «سەۋزە ساقال» ئىشلىتىپ بېقىشىمغا بېرىپ تۇرسىلا بولىدۇ.

رېپىك مىلتىقلارنى قاپتىن چىقىرىپ، سورىدى:

— ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار ئاۋۋال ئالىسىلەر؟ چوڭى ئاۋۋال ئېلىشى كېرەكقۇ دەيمەن؟

— بۇ شەرەپنى «سەۋزە ساقال» غا ئۆتۈنۈپ بېرەي، ئۇ ئاۋۋال ئالسۇن، — دېدى ئاكىسى فېنكىس.

رېپىك فېنكىسنىڭ مەردلىكىنى ماختاپ كەتتى، ئوۋ مىلتىقنى «سەۋزە ساقال» نىڭ مۈرىسىگە ئېسىپ قويدى.

«سەۋزە ساقال» مىلتىقنى كۆتۈرۈپ، ئاكىسىغا ئەگە-







شىپ، دالىغا ماڭدى.

خېلى ماڭغاندىن كېيىن «سەۋزە ساقال» نىڭ مۈرىسى ئاغرىپ كەتتى. سەل بىزار بولۇپ مىلتىقنىڭ پاينىكىنى مۈرىسىگە ئېلىۋالدى.

لېكىن، ئاكىسى فېنكىس مۇنداق دېدى:

ــ هەي، هاماقەت! بۇ ئوۋ مىلتىقىنى پۇخادىن چىققۇچە كۆتۈرۈۋال.

«سەۋزە ساقال» بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىلچە خۇشال بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن زورىغا مۇنداق دېدى:

ــ شۇڭا سەن مېنىڭ ئاكام، ـ دە!

بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىۋىدى، «سەۋزە ساقال» ئورنىدا توختاپ، ئاكىسى فېنكىسقا «مىدىرلىما» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى، قۇشقاچلار چىتلاققا ۋە دەرەخ شاخلىرىغا قوندى، «سەۋزە ساقال» مىلتىقنى تۈيدۈرماي قولىغا ئېلىپ، قۇشقاچلارنى قارىغا ئالدى، لېكىن ئاكىسى فېنكىس گەپ قىلدى:

ــ ئوق چىقارما، ئارىلىقىڭ بەك يىراق.

ــ سېنىڭچە بەك يىراقمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق! بۇنداق يىراق ئارىلىقتا نىشانغا توغرا تەگمەيدۇ.

فېنكىس شۇنداق دەپ بېشىنى چىقىرىپ، ئورنىدىن مەقسەتلىك تۇردى، قۇشلار ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز گېپىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.





لېكىن، شاختا يەنە بىر قۇشقاچ قالغانىدى.

— بۇ قۇشقاچقا چوقۇم تەگكۈزەلەيمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال» ئىشەنچ بىلەن.

— نېرى تۇرە، قاراپ باقاي. توغرا، راست. توغرا ئېيىتىپسەن، چاققان بول، مىلتىقنى ماڭا بەر.

«سەۋزە ساقال» ئاخىرى قورالسىزلاندۇرۇلدى، قۇرۇق قول قېلىپ ئەسنەشكە باشلىدى.

ئاكىسى فېنكس ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئوق چىقاردى، ئوق قۇشقاچقا تەگدى.

مىلتىق يەنە «سەۋزە ساقال» نىڭ قولىغا ئۆتتى.

«سەۋزە ساقال» خاپا ھالدا:

— ئەگەر مەن ئاتقان بولسام...

— مەيلى سەن ئات ياكى مەن ئاتاي، بەربىر ئوخشاش، بۈگۈن مەن بىرنى ئېتىۋالدىم، ئەتە سەن بىرنى ئېتىۋالماسەن.

— نېمە، ئەتە!

— ئەمىسە كېلىشتۇق، ھە؟

— ئېسىڭدىمۇ؟ تۈنۈگۈن ئاخشام ئىككىمىز كېلىشكەنغۇ.

— ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي...

— قويغىنا ئۇ گېپىڭنى، ئەگەر ھازىر بىر قۇشقاچ ئېتىشىمغا ئۇنىساڭ، بۇ مىلتىقنى بىر سىناپ باققان بولاتتىم.



— بولمايدۇ، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، دەرھال قايتىشىمىز كېرەك، ئاچام قوشقاچنى پىشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىككىسى ئۆيگە يېنىپ كەلدى.

رىپىك ئۇلارنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە بولدى، «سەۋزە ساقال» مىلتىقنى يەنىلا سەن كۆتۈرۈۋاپسەنغۇ، ھازىرغىچە سەن كۆتۈردۇڭمۇ؟

— شۇنداق، ھازىرغىچە مەن كۆتۈردۇم، — دەپ جاۋاب بەردى «سەۋزە ساقال».





# كاناي

رېپىك پارىژدىن يېنىپ كەلدى. چامادانىنى ئېچىپ، ئۇ-نىڭدىن بىر نەچچە خىل سوۋغاتنى ئېلىپ، «سەۋزە ساقال» نىڭ ئاكىسى فېنكىسقا ۋە ئاچىسى ئېلىلىستىنغا بەردى، ئاندىن ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىۋېلىپ، «سەۋزە ساقال» غا مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ:

— سەنچۇ؟ كانايىنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى تاپانچىنى؟ — دەپ سورىدى. ئەمەلىيەتتە، «سەۋزە ساقال» ئېھتىياتچان بالا بولۇپ، كاناي بىلەن تاپانچا ئىچىدە كانايىنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى كانايدىن ئوق چىقمايتتى، لېكىن باشقىلارنىڭ مۇن-چىلىك چوڭ بالىلارنىڭ قورال ئويناپ، ئوق دورىسىنىڭ ھە-دىنى پۇراپ باقسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ يۈرەكلىك بىلەن:

— تاپانچىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

«سەۋزە ساقال» دادامنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپتىم دەپ ئويـ-لىدى.

لېكىن رېپىك ئۈمىدسىزلىك بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ھە! تاپانچىنى ياخشى كۆرىسەن! پۇتۇنلەي ئۆزگىرىپ





# سەۋزە ساقال



كەتتىڭمۇ ـ نېمە؟

«سەۋزە ساقال» ئالمان ـ تالمان گېپىنى ئۆزگەرتتى:

ــ ھە، ئۇنداق ئەمەس، بولدىلا دادا، ئوينىشىپ شۇنداق دەپ قويغانتىم، تاپانچىنى ياخشى كۆرمەيمەن، كانايىنى ماڭا بېرىڭ.

لېكىن رېپىك خانىم غەزەپلىنىپ مۇنداق دېدى:

ــ ئەمىسە، نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن؟ كانايىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، تاپانچىنى ياخشى كۆرىمەن دېمەسلىكىڭ كېرەك. كېيىن يالغانچىلىق قىلماسلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا تاپانچىمۇ، كانايمۇ بېرىلمەيدۇ. قاراپ باق، بۇ كانايدا ئۈچ دانە شار ۋە بىر دانە زەر تۇتۇلغان بايراق بار. قانداق، بولامدىكەن؟ ئەمدى ئاشخانىغا كىرىپ قاراپ باق، دېگىنىم راستمىكىن، يوقال كۆزۈمدىن، تېز يوقال، ماڭ، بارماقلىرىڭنى نەي قىلىپ چېلىپ ئوينا!

ئاشخانىدىكى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە ئۈچ دانە قىزىل شار بار ۋە زەر تۇتۇلغان بايراقلىق كاناي ئېسىپ قويۇلغان. ئۇنى كۆرۈشكە بولىدۇ، ئېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ چېلىشىنى مەڭگۈ كۈتىدۇ، لېكىن ئۇ يەردە بىرەرسى مەڭگۈ چېلىپ باقمايدىغاندەك ئېسقلىق پېتى تۇرىۋېرىدۇ.





# كۈندىلىك دەرس

ئاشخانىدا «سەۋزە ساقال» بىلەن يېڭى كەلگەن ئىشلەمچى ئايال ئاكات ئىككىسى قالغاندا «سەۋزە ساقال» ئاكاتتىن سورىدى:

— بۇ ھاراق بوتۇلكىلىرىنى نەگە ئاپىرىسەن؟

— گەمىگە ئېلىپ چۈشىمەن، «سەۋزە ساقال» ئەپەندى.

«سەۋزە ساقال» ئۇنىڭغا ئاق كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىنلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

كەچۈر، گەمىنىڭ پەلەمپىيى ناھايىتى چاتاق، ئاياللار دەسسىسىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، ئومۇرتقىسىنى سۇندۇرۇۋالىدۇ، لېكىن مەن چۈشىۋېرىمەن، بەلكى ھەممەيلەن مېنىڭ يىقىلىپ ئۆلمەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىدىغاندۇ.

— ساڭا بۇلارنى ئېيتىپ قويۇشتا، كېيىن ئىش قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالماسلىقىڭنى نەزەردە تۇتتۇم.

— ھەر كۈنى سەھەردە ئىتنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇنىڭغا يەيدىغان نەرسە بېرىمەن، كەچتە ئۇنى ئۇخلايدىغان يېرىگە ئەكىرىپ قويىمەن، بەك كېچىكىپ يېنىپ كەلسە ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن، قاراڭغۇ چۈشكەندە توخۇ كاتىكىنى تاقاپ قويى-







مەن.

— كۆندۈزى تالاغا چىقىپ ئوت يۇلىمەن، ئوتنىڭ يىل-تىزىدىكى توپىلىرىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئوتنى ئەك-لىپ توشقانلارغا توغراپ بېرىمەن.

— دادامغا ياردەملىشىپ ئوتۇن يارىمەن، بۇلارنى پەقەت «چېنىقىش» دەپ بىلىمەن.

دادام ئوۋدىن يېنىپ كەلگەندە ئوۋلىغان نەرسىلىرى ئى-چىدىكى ئۆلمىگەنلىرىنى ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن ئاچام ئىككى-لار ئۇلارنى يۇڭدايسىلەر.

— بېلىق سېتىۋېلىپ كەلسە، بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىش مېنىڭ ئۈستۈمدە، بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئىچى-دىكى نەرسىلەرنى تازىلايمەن، بېلىقنىڭ يەللىكىنى تاختايدا دەسسەپ يارىمەن، لېكىن بېلىقنىڭ قاسىرقىنى قىرىش، قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ يۇيۇش ئىشلىرىنى سەن قىلىسەن.

— دادام يېنىپ كېلىپ پاسكىنا ئايىغىنى سالغاندا ئايى-قىنى كارىدورغا ئەچىقىپ قويىمەن.

— يىراققا بارىدىغان، مەسىلەن، دوختۇر چاقىرىدىغان، دورا ئەكىلىدىغان ئىشلار بولسا، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىمەن.

— مەھەللىدىن پارچە ـ پۇرات نەرسە سېتىۋالىدىغان ئىشلارنى سەن قىلىسەن.

— هاۋا مەيلى ئوچۇق ياكى يامغۇر ياغقان كۈنلەر بولسۇن، هەر كۈنى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت كىيىم يۇيۇشۇڭ كېرەك.





— بۇ ئەڭ، ئەڭ جاپالىق ئىش. ساڭا ئازراقمۇ ياردەم قىلالمايمەن، لېكىن ۋاقتىم چىقىپ قالسا، كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ يېيىشىڭغا ياردەم قىلىمەن.

— لېكىن بىر ئىشنى ئالاھىدە سەمىڭگە سېلىپ قوياي: لاي يۇقى ئىشتاننى بەك پاكىز يۇما، رېپىك ئەپەندى لاي يۇقى ئىشتان چىداملىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ ئېتىزدىكى پاتقاق يولدا ماڭسا پۇشقىقىنى ھەرگىز تۇرمەيدۇ.

— رېپىك ئەپەندى ماڭا ئۇۋۇ خالتىسىنى كۆتەرتىپ ئوۋغا ماڭغاندا، ئۇ ھەمىشە ماڭا « «سەۋزە ساقال»، پۇشقىقىڭنى تۇرۇۋالساڭ، مەڭگۇ ھەقىقىي ئوۋچى بولالمايسەن» دەيدۇ.

— لېكىن رېپىك خانىم ماڭا «قولىقىڭغا پەخەس بول، كىيىملىرىڭنى پاسكىنا قىلىۋېتىدىغان بولساڭ، ھىم...» دەيدۇ.

— ھەر كىمنىڭ ھەۋىسى ھەر خىل دېگەن شۇ ئىكەن.

— قىسىقىسى، بەك جاپا تارتىپ كەتمەيسەن.

— مەن تەتىل قىلىپ كەلگەندە، سەن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ يېرىمىنى ماڭا بۆلۈپ بەرسەڭ بولىدۇ.

— مەن مەكتەپكە كەتكەندە ھۇرۇنلۇق قىلىپ، ئازراق ئىشلىسەڭ بولىدۇ، چۈنكى نەتىجىسى تامامەن ئوخشاش بولىدۇ.

— بەلكى مەن ساڭا كاپالەت بېرىمەنكى، ئۆيىمىزدىكى كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان دوستلار شۇنداق كاپالەت بېرىدۇكى، ھەر قانداق ئادەم ساڭا ئانچە بەك ئەسكىلىك قىلمايدۇ.



# سەۋزە ساقال

ئاچام ئېلىلىستىن پەرىزاتتەك مۇلايىم، ئاكام فېنكىسنىڭ كۆڭلى بەك ئوبدان، دادام رېپىك ئەپەندى ھەققانىي روھقا، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئاپام رېپىك خانىم تاماققا بەك ئۇستا، بىر ئۆيلۈكنىڭ ئىچىدە ئەڭ چاتاقچىسى مەن بولسام كېرەك، لېكىن ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئۇنداق چاتاقچى ئەمەس، مىجەزىمنى بىلسىلا بولدى، سەۋەنلىكىمنى تۈزىتىشنى بىلىمەن، ياخشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، سەل كەمتەررەك بولساڭ ياخشى ھەمكارلىشىپ كېتەلەيمىز.

— شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئەپەندى دېمەي، باشقىلاردەك «سەۋزە ساقال» دەۋەرگىن، بۇ «رېپىك بايۋەچچە» دەپ ئاتىغاندىن قىسقا، ئاسان بولىدۇ.





# يېڭى يىل

قار يېغىۋاتىدۇ.

«سەۋزە ساقال» كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، گۈللۈك-نىڭ يېنىدىكى ئوقۇردا يۈزىنى يۇيغىلى باردى، لېكىن سۇ توڭلاپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇزنى چوقۇپ، يۈزىنى ھۆل قىلدى، لېكىن پاكىز يۇيمىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، چوتكىلاپ يۇيغاندىمۇ ئەڭ روشەن قاسماقلار ئانچە-مۇنچە چىقىپ كەتكەن بولاتتى، خالاس.

ئۇ ئاتا-ئانىسىنى مۇبارەكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن يۈگۈردى.

ئاچىسى ئىبلىلىستىن دادىسى، ئاپىسى بىلەن قۇچاقلى-شىپ سۆيۈشتى ھەمدە:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن دادا، ئەتىگەنلى-كىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئاپا، يېڭى-يىلىڭلارنىڭ كۆڭۈل-لۈك بولۇشىنى، تېنىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى.

ئاكىسى فېنكىسمۇ شۇنداق دەپ، ئىنتايىن پىشىپ كەتكەن، ئۇمۇ دادىسى ۋە ئاپىسى بىلەن قۇچاقلاشتى، سۆيۈش-





تى.

لېكىن «سەۋزە ساقال» ئۇنداق قىلمىدى، شەپكىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى.

كونۋېرتقا: «ئاتا ـ ئانامغا» دەپ يېزىلغانىدى.

«سەۋزە ساقال» خەتنى رېپىك خانىمغا بەردى. ئۇ كونۋېرتنى يىرتتى، خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ چۆرىسىگە گۈل بېسىلغان، «سەۋزە ساقال» نىڭ يازغانلىرى ھامان گۈلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتكەن، بەزى خەتلەر بويىلىپ ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. رېپىك خانىم مۇنداق دەپ قويدى: «سىلىق توقۇلغاندەك قىلىدۇ، لېكىن خەتلىرى ئوچۇق يېزىلماپتۇ، ئوقۇيالمىدىم».

دادىسى رېپىك بۇ خەتنى ئوقۇغاندا بىر نەچچە قېتىم «ھە!...ھە!» دەپ قويغاندىن باشقا ھېچنېمە دېمىدى.

خەت ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلدى.

«سەۋزە ساقال» ئۇنى قولىغا ئېلىپ، شەپكىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

بۇ چاغدا رېپىك خانىم بالىلارغا يېڭى يىللىق سوۋغا بەردى.

ئاچىسى ئېلىشتىن ناھايىتى چوڭ قونچاق ئالدى، ئاكىسى فېنكىس قوغۇشۇندىن ياسالغان بىر قۇتا قونچاق ئەسكەر ئالدى.

نۆۋەت «سەۋزە ساقال» غا كەلگەندە رېپىك خانىم مۇنداق دېدى:





— ساڭا مەن پەرەز قىلىپ تاپالمايدىغان نەرسە ئەكەلـ
ـدىم.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى «سەۋزە ساقال».
— نېمىشقا شۇنداق، شۇنداق دەيسەن، بىلگەن ئىكەنـ
ـسەن، ساڭا بېرىشىمنىڭ ئورنى يوقكەن.
— ئەگەر بىلگەن بولسام، مەڭگۈ ياخشى كۆن كۆرمەي، —
دېدى.

«سەۋزە ساقال» ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئەستايىدىل قەسەم
قىلدى.

رېپىك خانىم چىنە ـ قاچا ئىشكاپىنى ئېچىپ، قولىنى
ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە سوزۇپ، قارا شېكەردىن ياسىلىپ
سېرىق قەغەزگە ئورالغان بىر غاڭزىنى ئالدى.

«سەۋزە ساقال» بۇنداق غەلىتە نەرسىنى كۆرۈپ، يۈزلەـ
ـرىدە دەرھال خۇشاللىق جىلۋە قىلدى.

غاڭزىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا، ئاـ
كىسى فېلىكس ۋە ئاچىسى ئېلىلىستىنىنىڭ ئالدىدا تەكەببۇرـ
لۇق بىلەن «تاماكا» چېكىشكە باشلىدى.

ئۇ ناھايىتى پىشقان ھالەتتە قارا شېكەردىن ياسالغان
غاڭزىنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ، بېلىنى ئېگىپ، بېـ
شىنى سەل سىڭايان قىلىپ، ئىككى مەڭزىنى ئىچىگە
تارتىپ تاماكا چەككەن قىياپەتكە كىرگۈزدى ھەم غاڭزىدىن
ئىس چىققاندەك ئاۋاز چىقاردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ئىسنى پۈۋلىگەندەك قىياپەتتە بولدى.



ئۇ ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن دېدى:

— بۇ غاڭزا ھەقىقەتەن بەك ياخشى ئىكەن، ئىسمۇ شۇنداق راۋان ماڭىدىكەن!







# ئارزۇ

«سەۋزە ساقال» ئاكىسى ۋە ئاچىسى بىلەن تەتىل قىلىپ مەكتەپتىن كەلدى.

ئاممۇۋى مەيدىن چۇشكەندە يىراقتىنلا ئاتا ـ ئانىلىرىنى كۆردى.

«سەۋزە ساقال» يۈگۈرۈپ بارايمۇ ياكى ئاستا بارايمۇ دەپ ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، ئاكىسى فېنكىس بىلەن ئاچىسى ئېللىستىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ، دادىسى بىلەن ئاپىسىغا چاپلىشىۋالدى، «سەۋزە ساقال» يېتىپ كەلگەندە بايىقى قىزغىنلىق بىر ئازمۇ قالمىغانىدى.

ــ قانداق، شۇنداق چوڭ بولۇپ تۇرۇقلۇق رېپىك ئەپەندىنى «دادا» دەپ چاقىرامسەن؟ ــ دېدى رېپىك خانىم، ــ ئۇنى دادام دېيىشىڭ، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىشىڭ كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئوغۇل بالىغا ئوخشايسەن.

ئۇنىڭ ھەسەت قىلماسلىقى ئۈچۈن، «سەۋزە ساقال» نىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

تەتىل تۈگىدى، مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى.



# سەۋزە ساقال

رېپىك خانىم مەپىنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلاپ، بېلىنى ئېگىپ بالىلىرىنى قۇچاقلىۋالدى، بۇ قۇچاقلاشنىڭ ئىچىگە «سەۋزە ساقال» كىرمەيتتى، بىراق ئۇ قۇچاقلاش نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ مەيۈسلىنىپ كەتكەنلىكتىن، گەپ قىلغان چاغدىكى ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى.

— خەير - خوش ئاپا، — دېدى ئۇ.

— ھىم، مېنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ!؟ دېدى «ئانا» دېسەڭ بولمامدىكەن؟ ئانا دېسەڭ زىيان تارتىپ كېتەمتىڭ، شۇم، ئۇستاتلىق قىلىشقا بەك ئۇستا ئىكەنسەن، ھە!

لېكىن رېپىك خانىم ئۇنىڭ ھەسەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كەڭ قورساقلىق قىلىپ، پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.





# قەلەم

«سەۋزە ساقال» بىلەن ئاكىسى فېنكىس ياتاقتا يېتىپ
ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى ئوخشاش تۆت
قېتىم بېرىپ كېلىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى دەرسـ-
ـدىن يېنىپ ئاستا كېتىپ باراتتى، «سەۋزە ساقال» بىرسـ-
ـىنىڭ تۇيۇقسىز:

— «سەۋزە ساقال»، داداڭ سېنى كۆرگىلى كەپتۇ، —
دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

رېپىك ھەمىشە ئۇلارنى تۇيۇقسىز كۆرگىلى كېلىپ،
ھەيران قالدۇراتتى. بۇ چاغدا رېپىك ئۇدۇل دوقمۇشتىكى پىـ-
يادىلەر كوچىسىدا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئاغزىدا
تاماكا چىشلەپ تۇراتتى.

«سەۋزە ساقال» بىلەن فېنكىس توپ ئىچىدىن چىقىپ،
دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

«سەۋزە ساقال» بىر نەچچە ئېغىز قىزغىن گەپ قىلماقـ-
چى بولدى ـ يۇ، لېكىن يادىغا ھېچنېمە كەلمىدى، ئۇ پۇتىـ-





# سەۋزە ساقال



نىڭ ئۆچى بىلەن تۇرۇپ دادىسىنى سۆيمەكچى بولدى، لېكىن ئاغزى دادىسىنىڭ ساقىلىغا ئاران يەتتى. رېپىك قەستەن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈۋالدى. شۇنىڭـ دىن كېيىن رېپىك بېلىنى ئەگدى، لېكىن «سەۋزە ساقال» نىڭ تۇمشۇقى ئۇنىڭ بۇرنىغا يەتكەندە يەنە بېشىنى كۆتۈرۈـ ۋالدى.

دادام مېنى ياخشى كۆرمەمدىكىن؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى «سەۋزە ساقال»، بۇ چاغدا دادىسىنىڭ فېنكىسنى قۇـ چاقلاپ سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

«سەۋزە ساقال» بۇ ئايرىلىشنى بىئارام كەيپىياتتا ساقلاپ تۇردى.

قاراپ باقاي، بۇ قېتىم مېنى قۇچاقلاپ سۆيەمدىكىن، دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ ماڭدى.

لېكىن رېپىك ئۇنى قولى بىلەن توسۇپ، يىراقتا توخـ تىتىپ قويۇپ، مۇنداق دېدى:

ــ قۇلىقىڭغا قىستۇرۇۋالغان قەلەمنىڭ كۆزۈمگە كىرىپ كېتىدۇ، مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندە قەـ لەمنى باشقا يەرگە قويساڭ بولمامدىكەن؟ قارا، مەنمۇ تاماكامـ نى ئېلىۋەتتىمغۇ.

ــ ئوبدان دادا، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، ــ دېدى «سەۋزە



ساقال»، ــ راست.

سەۋەنلىكىم تۈپەيلىدىن ھامان بىر كۈنى بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ، باشقىلار مېنى خېلى بۇرۇن ئاگاھلاندۇرغانىدى، ئۇلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھېچ بولمىسا قەلەمنىڭ ئۇچىنى ئېلىۋېتىشىم كېرەك ئىدى، ئوبدان دادا، قەلىمىمنىڭ سىزنى قورقۇتقۇدەك يەرلىكىنى بىلىپ، بەك خۇش بولدۇم!

ــ ھايۋان! ــ دېدى رېپېك غەزەپ بىلەن، ــ كۆزۈمنى قارىغۇ قىلىپ قويۇشقا تاس قېلىپ تۇرۇقلۇق، خۇش بولۇۋاتامسەن؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئوبدان دادا، ــ دېدى «سەۋزە ساقال» ئالدىراپ ـ تېنەپ، ــ باشقا ئىشقا خۇش بولۇۋاتىمەن، كاللامدىكى ئەخمىقانە خىيالغا خۇش بولۇۋاتىمەن!









## پىت

«سەۋزە ساقال» ئاكسى فېنكس بىلەن سانمارك مەكتەپىدىن ئۆيگە يېنىپ كەلگەندە رېپىك خانىم ئۇلارنى دەرھال پۇتىنى يۇيۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۈچ ئايدىن بۇيان پۇت يۇيمىغانىدى، چۈنكى مەكتەپتە ئۇلارنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويىدىغان ئادەم يوق ئىدى.

«سەۋزە ساقال» نىڭ پۇتى ئاكسى فېنكسنىڭكىدىنمۇ بەك مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، ئاكسى فېنكسنىڭ پۇتىمۇ ناھايىتى مەينەت بولۇپ كەتكەن، لېكىن «سەۋزە ساقال» نىڭچۇ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، پۇتىنى تونۇيالماي قالغان. رېپىك دېرىزە تۈۋىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئىككى بالىنىڭ بۇ مەۋسۇمدىكى كۆرسەتكۈچىگە قايتا ـ قايتا قاراپ چىقتى. فېنكسنىڭ كۆرسەتكۈچىگە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«مىجەزى ئىتتىك، لېكىن ئەقىللىق، ئىستىقبالىدىن ئۈمىد بار.»

«سەۋزە ساقال» نىڭ كۆرسەتكۈچىگە مۇنداق يېزىلغانىدى:







«تىرىشسا نەتىجىسى قالتىس بولىدۇ، لېكىن ئادەتتە تىرىشمايدۇ.»

«سەۋزە ساقال» نىڭ نەتىجىسى بەزىدە ئەلا بولۇپ، بۇ ئائىلىگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. رېپىك خۇشاللىقنى چاقچاق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. قولىنى «سەۋزە ساقال» نىڭ چىگىشىپ كەتكەن چېچى ئارىسىغا تىقىپ، تىرناقلىرىنى پىت ئۆلتۈرگەندەك چېكىپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ باشقىلارغا ئامراقلىقى كەلگەندە قىلىدىغان چاقچىقى.

لېكىن تۇنجى قېتىمدا ئۇ بىر پىتنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— مانا، ئۆلتۈرۈۋەتتىم، قۇرۇق قالمىدىم، — دېدى ئۇ.

رېپىك خانىم ئالدىراپ ـ تېنەپ گەپ قىلدى:

— ئاھ خۇدا، ئۇزۇندىن بۇيان ئەنسىرەپ يۈرەتتىم! ئېلىستىن، دەرھال داس ئەكەل، ئەمدى سەن قىلىدىغان ئىش چىقتى!

ئېلىستىن دەرھال داس، سۈزگۈچ ۋە ئاچچىقسۇ قويۇلغان تەخسىنى ئېلىپ كەلدى.

پىت تازىلاش باشلاندى.

— ئاۋۋال مېنىڭ بېشىمنى سۈزۈپ قوي، — دېدى فېنكىس، — ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ پىتى چوقۇم ماڭىمۇ كىرىۋالدى.

نەتىجىدە، ئۇنىڭ بېشىدىن يەتتە ـ سەككىز تال پىت تۇتۇلدى، ھەر بىر پىتنى ئالغاندا ئاكىسى فېنكىس مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، «سەۋزە ساقال» نى قورقۇتاتتى، لېكىن







«سەۋزە ساقال» بولسا، نوۋەتنىڭ ئۆزىگە كېلىشىنى ساقلاپ غىڭ قىلماي تۇراتتى.

ئاچىسى ئېلىلىستىن ئاخىرى «سەۋزە ساقال» نىڭ بې-
شىنى سۈزۈشكە باشلىدى. بىرىنچى قېتىم سالغان سۈزگۈچ-
تە سۈزۈلۈپ چىققان پىت يەتتە ـ سەككىز تال بىلەن چەك-
لەنمىدى، ئاچىسى ئېلىلىستىن سۈزگۈچ پىت بەك جىق يەرگە سىلىندىمىكىن، دەپ پەرەز قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تا-
سادىپىي سۈزۈلۈپ چىققان پىتلار ئىدى.

ئىش ناھايىتى جىددىي داۋاملاشتى.

ــ ۋاي، ۋۇي! ــ دېدى ئاچىسى ئېلىلىستىن، ــ ئەڭ ياخشىسى گۇرجەك بىلەن تىرنا بولسا بولغىدەك!

ئاكىسى فېنكىس زوڭزۇيىپ ئولتۇرۇپ، تەلەڭگىگە چۈشكەن پىتلاردىن سىلكىپ سىركە كىسلاتاسىغا چۈشۈ-
رۈپ، ناھايىتى تېز ئۆلتۈرۈۋەتتى.

رېپىك خانىم گەپ قىلدى:

ــ ئېيتقىنا، پىت شۇنداق چېقىپ تۇرسا، ساڭا ئۇنىڭ زادى نېمىسى ئوبدان؟

ــ چۈنكى سۈزگۈچ بەك ئاغرىتىۋېتىدىكەن، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ ھىم، سۈزگۈچ ئاغرىتىۋېتەمدىكىن؟ بەس، ئاچاڭغا شۇنداق رەھمەت ئېيتماقچى ئىكەنسەنده! ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لىدىڭمۇ، ئېلىلىستىن؟ بۇ نازۇك جاناب ساتىراشتىن نارازى ئىكەن! قىزىم دەرھال قولۇڭنى تارت، بۇ پىدائىي دەرۋىش ئۆ-







زىنىڭ پارازىت قۇرتلىرىنى باقسۇن!، ــ دېدى رىپىك خانىم.

ــ بۇگۈن شۇنداق بولسۇن، پىت ئەڭ كۆپ جايلارنى سۈزۈۋەتتىم، ئەتە يەنە بىر قېتىم سۈزۈپ قوياي، ــ دېدى ئېلىلىستىن.

ــ ئەمىسە ھازىر، «سەۋزە ساقال»، داسنى گۈللۈككە ئېلىپ چىق. مەھەللىدىكىلەر كۆرۈپ باقسۇن، ــ دېدى رېپىك خانىم.

«سەۋزە ساقال» داسنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، داسنى ئاپتاپقا قويۇپ، ئۆزى داسنىڭ يېنىدا تۇردى.

نانت موماي تۇنجى بولۇپ كۆرگىلى كەلدى.

ــ بۇ نېمە؟ ــ دېدى ئۇ ئاجىز كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ.

«سەۋزە ساقال» ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

ئۇ ئېڭىشىپ زەن قويۇپ قاراشقا باشلىدى.

ــ بۇلار پوستىنى سويۇۋەتكەن ئۇششاق يېسسى پۇرچاق يېسسىمۇقمۇ؟

«سەۋزە ساقال» ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ، ئاپىسىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، نانت مومايغا مۇنداق دېدى:

ــ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىپ، مېنى بىر دەم تىنچ قويۇڭچۇ.







# خۇددى بىروتىسقا ئوخشاش

— «سەۋزە ساقال»، بۇلتۇرقى نەتىجەڭدىن قارىغاندا، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇپ كېتەلىشىڭ تامامەن مۇمكىن ئىكەن، بىراق سەن تىرىشماي، مەكتەپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلمىغان كىتابلارنى ئوقۇپسەن. «سەۋزە ساقال»، بۇنىڭدىن كېيىن تۈزۈك ئىش قىلىشىڭ كېرەك جۇمۇ، — دېدى رېپىك.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، ھېچبولمىسا لاتىنچە ئىمتىھاندا بىرىنچى بولىمەن، دەپ ئويلايمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال»، — پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، لېكىن مۇبادا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولالماي قالسام، ۋىجدانىم ئالدىدا ئازابلانماي، بىروتىسكە ئوخشاش: «ئېھ، گۈزەل ئەخلاق!» «سەن پەقەت بىر ئاتالغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېيەلەيمەن.

— ئېھ! بالام، بۇ خەتلەرنى ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى رېپىك.

— ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ، دادا؟ — دېدى فېنكىس.

— مەنمۇ ئاڭقىرالمىدىم، — دېدى ئېلىلىستىن.

— مەنمۇ شۇنداق، يەنە بىر دېگىنە، «سەۋزە ساقال»، — دېدى رېپىك خانىم.







— ھېچنېمە دېمىدىم ئاپا، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— نېمە؟ شۇنچە مەمەدانلىق قىلىپ يۈزلىرىڭ قىزىرىپ كەتتى، گېپىڭنى مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئاڭلىدى، يەنە ھېچنېمە دېمىدىم دەيسىنا! چاققان بايىقى گېپىڭنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىۋەت، ھەممەيلەن بىلىپ قالايلى.

— ماقۇل، دەپ بېرەي! بايا دادام بىلەن پاراڭ سېلىشقاندا، دادام ماڭا ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلدى، شۇڭا...

— تۇفى، يالغان ئېيتىۋاتىسەن! بايا دېگەن گېپىڭنى ئوخشاش تەلەپپۇزدا بىرمۇ ھەرپىنى ئۆزگەرتمەي تەكرارلايسەن!

«سەۋزە ساقال» ئىلاجسىز قېلىپ يىغا ئارىلاش تەلەپپۇزدا دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— گۈزەل... ئەخلاق، سەن... پەقەت... بىر ... ئاتالغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس...

— نېمە ئىلاج، بۇ ھايۋان خەقنىڭ تايىقنى يېيىشنى خالايدۇكى، ئاپىسىنى خوش قىلىشنى خالىمايدۇ، — دېدى رېپىك خانىم.

— ئاڭلاپ قوي ئاپا، — دېدى فېنكس كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، سوغۇقچىلىق سالىدىغان نەزەر بىلەن گەپ باشلىدى، — «ئەگەر ئىمتىھاندا بىرىنچى بولالمىسام» — دېگەندە ئىككى مەڭزىنى كۆپتۈرۈپ، پۇتى بىلەن يەرنى دەسسەپ تۇردى، — «بىروتىسقا ئوخشاش مەغرۇرلۇق بىلەن ئېيتىمەنـ



كى» (ئۇ ئىككى بېلىكىنى كۆتۈردى) «ئېھ، گۈزەل ئەخلاق» (ئۇ ئىككى بېلىكىنى چۈشۈردى)، «سەن پەقەت بىر ئاتالغۇ-دىن باشقا نەرسە ئەمەس»، ــ دېدى.

ــ ئوبدان، كېلىشتۈرۈپ دورىدىڭ! راست، بىزنىڭ ئۆي-دىمۇ بىروتىس بولۇشى كېرەك ئىدى، مانا ئەمدى بار بولدى. «سەۋزە ساقال» نىڭ تىرىشچانلىقىغا رەھمەت، باشقىلار بىزگە ھەۋەس قىلىدىغان بولدى، ئەمدى سىلەر بۇ يېڭى بىروتىسقا ھۆرمەت قىلىساڭلار بولىدۇ. ئالدىدىن قارىغاندا، بۈگۈن كىيگەن يېڭى كىيىملىرى كىر بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ؛ كەينىدىن قارىغاندا ئىشتىنى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ئاھ خۇدا، ئۇ زادى نەگە كىرىپ چىققاندۇ؟ ياق، بىروتىسنىڭ «سەۋزە ساقال» دىكى ھۆرمەتلىك تۈرقى بولسا كېرەك. ھەي، ھايۋان، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال!









## دادىسى بىلەن يېزىشقان خەتلەر

### 1

«سەۋزە ساقال» نىڭ سانمارك مەكتىپىدىن رېپىكقا يازغان خېتى.

قەدىرلىك دادا:

ئاغرىپ قالدىم، پۇتۇمغا مىخ ئۆسۈپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن، بۇ مىخلار پۇتۇمغا كىرمەي تۇرۇپلا ئاغرىق ھېس قىلىمەن، كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن، لېكىن بۇ مىخلار خۇددى چۇجىدەك كۆپىيىدۇ، بىرسى ساقايسا، يەنە يېڭىدىن ئۇچى چىقىدۇ...

رېپىكنىڭ جاۋاب خېتى:

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:

ئىنسانىيەتنىڭ مىخ ئۇچۇن ئازابلىنىدىغان ئىشى سەندىن باشلانغان ئەمەس، ئەيسا خرىستوسنىڭ پۇتى بىلەن قولىدىمۇ مىخ بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى راست مىخ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە زارلانمىغان.

باتۇرراق بول!





## 2

«سەۋزە ساقال» نىڭ رېپىكقا يازغان خېتى:

قەدىرلىك دادا:

سىزگە بىر خوش خەۋەر ئېيتاي: ماڭا بىر تال يېڭى چىش چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككىنچىسىنىڭمۇ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

رېپىكنىڭ جاۋاب خېتى

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:

ساڭا چىش چىقىۋاتقاندا، مېنىڭ بىر چىشىم مىدىرلاپ قالغانىدى، تۇنۇگۈن چۈشۈپ كەتتى.

شۇڭا ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممە چىشى يا كۆپەيمەيدۇ، يا ئازايمايدۇ.

## 3

«سەۋزە ساقال» نىڭ رېپىكقا يازغان خېتى:

قەدىرلىك دادا:

تۇنۇگۈن لاتىن تىلى مۇئەللىمىمىز جېك ئەپەندىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار مېنى تەبرىك سۆزى قىلىشقا سايلىدى، نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ تەبرىك خېتى تەييارلاپ، ئۇنى قېلىن قەغەزگە يازدىم. تۇنۇگۈن ساۋاقداشلىرىم ماڭا «ماڭغىن» دەپ شىۋىرلىغاندا، جېك ئەپەندى سۆز قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۇستىلى ئالدىغا باردىم، لېكىن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان تەبرىك سۆزۈمنى ئۇنلۇك







ئوقۇشقا باشلىغانىدىم.

جىبك ئەپەندى غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

ــ دەرھال كۆزۈمدىن يوقال!

قەدىرلىك دادا، بۇ ئىشقا سىز قانداق قارايسىز؟

رېپىكنىڭ «سەۋزە ساقال» غا يازغان خېتى:

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:

مۇئەللىمىڭنى باشقىلار مۇنبەرگە تەكلىپ قىلغانىكەن، روشەنكى، ئۇنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنى سېنىڭ نۇتۇقۇڭنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

# 4

«سەۋزە ساقال» نىڭ رېپىكقا يازغان خېتى:

قەدىرلىك دادا:

ياۋا توشقىنىڭىزنى تارىخ ـ جۇغراپىيە مۇئەللىمىمىز لېگر ئەپەندىگە تاپشۇرۇپ بەردىم، سىزگە رەھمەت ئېيتىپ قويۇشۇمنى تەكرار تاپىلىدى، لېكىن پەرەز قىلالايمىزكى، بىز سۆزلەشكەندە ئۆرە تۇردۇم، لېگر ئەپەندى ئولتۇرۇشۇمغا بىرەر ئورۇندۇقمۇ كۆرسەتمىدى.

بۇ بىپەرۋالىقمۇ ياكى تەكەببۇرلۇقمۇ؟

پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ بېقىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

رېپىكنىڭ جاۋاب خېتى:

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:





بويۇڭ بەك پاكار بولغاچقا، ئۇ سېنى ئۇلتۇردى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى.

## 5

«سەۋزە ساقال» نىڭ رېپىكقا يازغان خېتى:

قەدىرلىك دادا:

ئاڭلىسام پارىژغا بارىدىكەنسىز، مەكتەپتىكى دەرسلەر ئۆيگە بېرىشىمغا يول قويمايۋاتىدۇ، لېكىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەكچى، ماڭا بىر ـ ئىككى پارچە كىتاب ئالغاچ كېلەرسىزمۇ، ۋولتايرېنىڭ «ھېنرىئاد» دېگەن داستانى بىلەن روسسونىڭ «يېڭى ئاروچىس» دېگەن كىتابىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

رېپىكنىڭ جاۋاب خېتى:

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:

سەن تىلغا ئالغان يازغۇچىلار سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش ئادەملەر، ئۇلار قىلالىغان ئەرسىنى سەنمۇ قىلالايسەن، شۇڭا ئۆزۈڭ بىر نەچچە پارچە كىتاب يېزىپ چىقىپ، ئۆزۈڭ ئوقۇ- غىن.

## 6

رېپىكنىڭ «سەۋزە ساقال» غا يازغان خېتى:

قەدىرلىك «سەۋزە ساقال»:

خېتىڭنى بۈگۈن ئەتىگەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھەيران



قالدىم، خەتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى يوق، خەتنى ماڭا ياكى ئەتقا يازغانلىقىڭنى بىلگىلى بولمايدۇ، خەتلىرىڭمۇ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، شۇنچە كۆپ قۇرلارغا بۆلۈۋېتىپسەن، شۇنچە كۆپ ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشىنى قوللىنىپسەن، گاڭگىراپ قالدىم. قىسقىسى، بىرەرسىنى زاڭلىق قىلغاندەك قىلىسەن. لېكىن پەرەز قىلىشىمچە، زاڭلىق قىلىنىۋاتقان ئوبيېكت باشقا بىرسى بولماستىن، دەل ئۆزۈڭ...

«سەۋزە ساقال» نىڭ جاۋاب خېتى:

قەدىرلىك دادا:

مەن بەك ئالدىراش. ساڭا پەقەت بىر ئېغىزلا ئىزاھات بېرىمەن: ئۇ خەتنىڭ قاپىيىلىك تىل بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟





# كەپە

بۇ كەپىدە بىر چاغلاردا توخۇ، توشقان ۋە چوشقا بېقىلغان، لېكىن ھازىر بوشاپ، «سەۋزە ساقال» نىڭ تەتىلدىكى مۇستەقىل بوشلۇقى بولۇپ قالدى.

كەپىنىڭ ئىشىكى ئاجراپ كەتكەن، كەپە ئىچىدىكى يەرنى قېلىن چاڭ بېسىپ كەتكەن، زەيلىشىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، تۆت تامنىڭ خىشلىرى ئېچىلىپ قالغان ئىدى.

«سەۋزە ساقال» ئىشىك ئورنى قىلىنغان كامار بىلەن كىرىپ، چاچلىرى كەپىنىڭ تورۇسىغا سۈركىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك كېرىلىپ ئولتۇراتتى.

ئۇ بۇ كەپىگە ئاساسلىقى ئوينىغىلى كىرىدۇ، كەپىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭىدا كاسىسىنى تولغاپ، ئويمان چىقىرىپ قويىدۇ، يەردىكى قېلىن توپىنى قولى بىلەن يۇمىلاق قىلىپ دۆۋىلەپ، ئاندىن كېيىن بۇ دۆۋىنى تۈزلىۋېتىدۇ.

«سەۋزە ساقال» سىلىق تامغا يۆلىنىپ، ئىككى پۇتىنى يىغىپ، ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ، يەنىمۇ تۈگۈلەلمەيد-





# سەۋزە ساقال



غان دەرىجىدە تۇگۇلۇۋالىدۇ، مۇشۇ كەپىگە كىرىۋالسا راستىلا راھەت ھېس قىلىدۇ.

لېكىن بىر كۈنى بىرسى تۇيۇقسىز چاقىردى:

— «سەۋزە ساقال»! «سەۋزە ساقال»!

ئاياغ تىۋىشى كەپىگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشقا باشلىدى، بىرسى كەپىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ بېشىنى ئېگىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، كەپە ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇققا بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— «سەۋزە ساقال»، سەن مۇشۇ يەردىمۇ؟

«سەۋزە ساقال» نەپەسنى توختىتىۋېلىپ، چىشىنى چىشلەپ چىدىدى، ئازراقمۇ تىۋىش چىقارمىدى.

— بۇ يەردە يوقكەن، بۇ ھايۋان زادى نەگە كەتكەندۇ؟

ئۇنى ئىزدىگەن ئادەم ئاخىرى كېتىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، جىددىيلىشىپ كەتكەن تېنىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۆزى راھەت بىلگەن جىملىققا چۆمدى.

ئۇ ھەمىشە جىم ئولتۇرۇپ، قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ راھەتلىنەتتى.

دەل شۇ چاغدا بىر چىۋىن تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىغا چۈشۈپ قالدى، تور ئىچىدە قاناتلىرىنى سىلىپ جېنىنىڭ بېرىچە تېپىرلىدى. ئۆمۈچۈك ئۆزى تارتىپ قويغان يىپتىن سىيرىلىپ، تېپىرلاۋاتقان چىۋىننىڭ يېنىغا چۈشتى.

«سەۋزە ساقال» كاسىسىنى كۆتۈرۈپ، تەقەززالىق بىلەن





قاراپ تۇردى، ھېلىقى قورقۇنچلۇق ئۆمۈچۈك چىۋىنىنىڭ يې-
نىغا كېلىپ، پۇتلىرى بىلەن تورنى ھەملاشتۇرۇۋاتقاندا
«سەۋزە ساقال» ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ كەتتى، ئولجىغا شېرىك
بولىدىغاندەك، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ، چەكچىيىپ قارى-
دى.

لېكىن ئۆمۈچۈك كېتىپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن «سەۋزە ساقال» قايتىدىن ئولتۇرۇپ،
جىممىدە سۈكۈتكە چۆمدى.

خۇددى كېلىۋاتقان سۇ ئاقىدىغان جاي تاپالماي، تىقى-
لىپ قالغان ئازگالغا كىرىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ كۆز ئالدى-
كى خىيالىي مەنزىرىمۇ بىردەمدىلا مىدىرلىماي قېتىپ
قالدى.

ئۇ جىممىدە ئۇخلاپ قالغانىدى.









## مۇشۇك

### 1

«سەۋزە ساقال» كىشىلەرنىڭ راك تۇتۇش ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى مۇشۇك گۆشى ئىشلىتىش كېرەك، دېگىنىنى ئاڭلىغان.

ئۇ بىر مۇشۇكنى تونۇيتتى، بۇ مۇشۇك قېرى ھەم كېسەلچان بولغاچقا، بەدىنىدىكى تۈكىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چۈشۈپ كەتكەنىدى. «سەۋزە ساقال» ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، بىر چىنە سۈت ئەكەلدى.

— ئىچكىنىڭچە ئىچ، — دېدى ئۇ.

ئۇ مۇشۇكنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنى يېقىملىق ئىسىملار بىلەن چاقىرىپ قوياتتى، مۇشۇك سۈتنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولۇپ، چىنىنىڭ تەكتىنى يالىدى.

— ئىچىپ بولدۇڭمۇ، — دېدى «سەۋزە ساقال» مۇشۇكنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە، يەنە بىر چىنە ئىچكۈڭ بار، لېكىن ساڭا مۇشۇ بىر چىنىنىلا ئوغرىلاپ چىقىپ بېرەلىدىم، مەيلى بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن...



شۇنداق دەپلا، ئۇۋ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى مۈشۈكنىڭ چېكىسىگە تىرەپ ئوق چىقاردى.

مىلتىقنىڭ كۈچلۈك ئاۋازى «سەۋزە ساقال» نىمۇ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئوق دورىسىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، يەردە ياتقان مۈشۈكنىڭ كاللىسىنىڭ يېرىمى ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى، قالغان بىر كۆزىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مۈشۈكنىڭ قېنى سۈت ئالىدىغان چىنىگە ئېقىۋاتاتتى.

مۈشۈكنىڭ قالغان بىر كۆزىدىن سېرىق نۇر چېچىلىپ تۇراتتى، مۈشۈكنىڭ بەدىنى تىترەيتتى، ئۇ تېخىچە تىرىك ئىدى.

«سەۋزە ساقال» نىڭ جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشى بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى خۇش قىلىش سەۋەبىدىن، قىرغاۋۇل، ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئىت قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ بۇ مەخلۇقلارنىڭ جېنىنى قانداق رەھىمسىزلىك ۋە چاققانلىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى بىلىدۇ.

بۇ چالا ئۆلگەن مۈشۈككە ئانچە قاتتىق بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ باقتى، كېيىن مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋېلىپ، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن بويىنىغا قاتتىق ئۇردى، مۈشۈك جان تالىشىپ قاتتىق تېپچەكلىدى، بەزىدە تۈگۈلۈپ، بەزىدە سوزۇلاتتى. ئاخىرى «سەۋزە ساقال» نىڭمۇ نەپەسى سىقىلىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزى مۈشۈكنىڭ يۈزىگە يېقىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن مۈشۈك-

ىنىڭ بىر كۆزى ئۇدۇل قارىشىپ قالدى.



2

«سەۋزە ساقال» يىقىلىپ چۈشتى.

ئۆيدىكىلەر ۋە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن قولۇم ـ قوشنىلار ئېڭىشىپ كەپىگە كىرىپ، بۇ بەختسىز پاجىئە يۈز بەرگەن جاينى كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، ــ دېدى رىپىك خانىم، ــ تىتىلىپ كەتكەن مۇشۇكنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئاران ئاجراتتىم. سىلەرگە شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، ئۇ ئەزەلدىن مېنى ئۇنداق چىڭ قۇچاقلاپ باقمىغان!





# قوي

بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە «سەۋزە ساقال» سەكرەپ يۈرگەن دۆگىلەك ـ دۆگىلەك نەرسىلەرنى غۇۋا كۆردى، ئۇ دۆگىلەك نەرسىلەردىن خۇددى مەكتەپنىڭ گىمناستىكا مەيداندا ئوينىۋاتقان باللارنىڭكىدەك قالايمىقان ئاۋازلار چىقاتتى، ئۇلار دېرىزە تۈۋىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ قوي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇغا كۆنۈپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدىغان بولدى.

بۇ دەل قويلارنىڭ تۆللەيدىغان مەزگىلى ئىدى. بۇ دېھقانچىلىق مەيداندا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۈچ پاقلان تۇغۇلاتتى، نۇرغۇن قوزىلار ساغلىقلار ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرەتتى، بەدىنى ھېلىمۇ تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. «سەۋزە ساقال» ئۇلارنى سىلاپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يۈرەكلىك دەسسىۋالاتتى ياكى ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بەدىنىگە ئېلىۋالاتتى.

يېڭى تۇغۇلغان قوزا تايتاڭلاپ يۈرەتتى، ئاپىسى ئۇنى تۇمشۇقى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.









— بۇ ئەسكى ئانا ئىكەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ئۆي هايۋانلىرى بىلەن ئىنسان ئوخشاش بولىدۇ، — دېدى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كىچىك خوجايىنى باجور ياندا تۇرۇپ.

— ئۇ چوقۇم بالىسىنى ئاپىسىنى ئېمىشكە ئۈندەۋاتقاندۇ.

— شۇنداق، — دېدى باجور، — بەزى پاقلانلار ئېمىزگۈ (سوسكا) دىكى سۈت بىلەن بېقىلىدۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پاقلاننىڭ ئانىسى تەسىرلىنىپ ئۆزى ئېمىتىدىغان بولىدۇ.

— لېكىن پاقلاننى نېمىشقا باشقا ساغلىققا ئېمىتمەيسىلەر؟

— ساغلىق ئۆزى تۇغمىغان پاقلاننى ئېمىتمەيدۇ، — دېدى باجور.

بۇ چاغدا قوتاننىڭ چۆرىسىدە ساغلىقلارنىڭ باللىرىنى ئېمىشكە چاقىرىپ مەرەشلىرى ئاڭلاندى. «سەۋزە ساقال» غا بۇ ئاۋازلار پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئاۋازدەك تۇيۇلدى، لېكىن پاقلانلار بۇ ئاۋازلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيتتى، ئۇلار ھېچبىر ئىلىشتۇرۇپ قويماستىن، ئانىسىنىڭ ئەمچىكى يېنىغا يېتىپ باراتتى.

— بۇ يەردە بالا ئوغرىلايدىغان ساغلىق يوق، — دېدى باجور چۈشەندۈرۈپ.

— غەلىتە ئىش، — دېدى «سەۋزە ساقال»، — ئۇلار قانداق پەرقلەندۈرەلەيدىغاندۇ؟ ئېھتىمال ناھايىتى سەزگۈر پۇراش سېزىمىدىن بولسا كېرەك.





شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويلىنىپ قالدى، ئادەم بىلەن قوينى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ كۆردى.

پاقلانلار ئېمىۋاتقاندا «سەۋزە ساقال» ئوقۇردىكى سۇغا تاشلاپ قويۇلغان تۆمۈر گۇرجەك پارچىلىرىنى، ھارۋا چاقىغا مىخلايدىغان تۆمۈر چەمبەرلەرنى ۋە كونا زەنجىرلەرنى كۆردى.

— ئوقۇرۇڭ بەك پاكىز ئىكەن، — دېدى «سەۋزە ساقال» تەنە قىلىپ، — مۇشۇ تۆمۈر پارچىلىرى ئارقىلىق ساغلىقلارغا قۇۋۋەت تولۇقلايسىلەرغۇ دەيمەن.

— شۇنداق، — دېدى باجور، — سەنمۇ شۇنداق دەپ ئىشىنەمسەن؟

ئۇ «سەۋزە ساقال» غا سۇنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىشنى ئېيتتى.

سۇنىڭ بەدەنگە تېخىمۇ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، ھەر خىل نەرسىلەر ئوقۇرغا تاشلاپ قويۇلغانىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى:

— ساڭا كىچىك بىر نېمە بەرسەم ئالامسەن؟

— ئەلۋەتتە، رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

شۇنىڭ بىلەن باجور بىر ساغلىقنىڭ يۇڭلىرىنى ئاختۇرۇپ، تويۇپ كەتكەن يۇمىلاق بىر سېرىق پارازىت قۇرتنى چىمداپ ئېلىپ، ئۇنى «سەۋزە ساقال» نىڭ ئالىقىنىغا قويۇپ قويدى.



# سەۋزە ساقال

كۆپ ئۆتمەي «سەۋزە ساقال» قولىنى بىر نېمە شورىغان-
دەك سەزدى، ئىششىپ ئاغرىش تۇيغۇسى بىردەمدە بارماق ۋە
قولىنىڭ بېغىشىدىن بىلىكىگە چىقتى.

«سەۋزە ساقال» ئۇنى ئاستا چىمداپ مىجىۋەتتى. ئۇ با-
جورنىڭ بەرگەن سوۋغىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكىنىنى كۆر-
سەتمىدى.

ئۇ تەييارلىق كۆرۈپ قويدى، ئەگەر باجور سوراپ قالسا،
«يىتىپ كەتتى» دېمەكچى بولدى.







# كۈمۈش تەڭگە

1

— بىرەر نېمەڭنى يوقىتىپ قويمىدىڭمۇ، «سەۋزە ساقال»؟ — دەپ سورىدى رېپىك خانىم.

— ياق، ئاپا، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— بىلمەي تۇرۇپ نېمىشقا دەرھال ياق دەيسەن، يانچۇقلىرىڭغا قاراپ باق، — دېدى رېپىك خانىم.

«سەۋزە ساقال» دەرھال ئىككى يانچۇقىنى ئۆرۈپ:

— ۋاي ئاپا! ئۇنى ماڭا ياندۇرۇپ بەرگىن، — دېدى.

— نېمىنى ساڭا بېرىمەن، بىر نېمەڭ چۈشۈپ قاپتىمۇ؟ زادى نېمەڭ چۈشۈپ قاپتۇ؟ — دېدى رېپىك خانىم.

— بىلمەيمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— نۇرىڭ چۈشۈپ قاپتىمۇ، — دېدى رېپىك خانىم.

— دەل شۇ، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ئۇ ئەمەس «سەۋزە ساقال»، — دېدى رېپىك خانىم، — نۇرۇڭ چۈشۈرۈپ قويمىدىڭ، نۇرىڭنى ئۆتكەن ھەپتە مۇسادىرە قىلىۋالدىم.

— ئەمىسە قەلەمتىراچىمنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن، —





# سەۋزە ساقال



دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ نېمە قەلەمتىراچ، ساڭا كىم قەلەمتىراچ بەردى؟ ــ دېدى رېپىك خانىم.

ــ ماڭا ھېچكىم قەلەمتىراچ بەرمىدى، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ كېسىپ ئېيتىمەنكى، ــ دېدى رېپىك خانىم، ــ كۆمۈش تەڭگىنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، ئىنكار قىلما، بۇرنۇڭ مىدىرلاۋاتىدۇ.

ــ ئاپا، بۇ كۆمۈش تەڭگە مېنىڭكىتى، ھازىر يىتىپ كەتتى، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىپ، مېنى خاتىرجەم قىلساڭ، بىر كۆمۈش تەڭگىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشىنىڭ كارى چاغلىق. ئاپا، ئۇنى خەجلىۋەتكەن بولاي، ئۇنى ئۆمۈر بويى ساقلامتىم؟... ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ ئاغزىڭنى يۇم! كۆمۈش تەڭگىنى يوقىتىپ قويۇپسەن، ئۇنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك ياكى شۇنداق بىرنى ياساساڭمۇ مەيلىڭ، چىق، قورۇق گېپىڭنى قوي، ــ دېدى رېپىك خانىم.

ــ شۇنداق، ئاپا، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ سېنىڭ «شۇنداق ئاپا» دېيىشىڭگە، سىپايىگەرلىك بىلەن ھەيۋە قىلىشىڭغا يول قويمايمەن، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىڭنى ياكى ئىسقىرتقىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن! ــ دېدى رېپىك خانىم.





## 2

«سەۋزە ساقال» باغنىڭ يولىدا كېتىپ باراتتى، خۇشى-ياقمىغاندەك ئىزدەپ قويدى، كەينىدىن ئاپىسىنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ ئېڭىشىپ بارماقلىرى بىلەن ئوت - چۆپ ۋە قۇم ئارىسىنى ئاختۇرۇپ قويدى، ئاپىسىنىڭ كەتكەن-لىكىنى سېزىپ ئىزدىمىدى.

يولدا بىردەم ئىزدەپ باقتى، ھەممە ئۇمىدى يوققا چىق-قاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆيگە بېرىپ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئاندىن بىر نېمە قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئاپىسى ئۆيدە يوق، ھېلىراق چىقىپ كەتكەنىدى، يىڭنە ئىشى قىلىدىغان ئۇستەلنىڭ تارتمىسى ئوچۇق تۇراتتى، «سەۋزە ساقال» يىپ - يىڭنىلەر ئارىسىدىكى بىر نەچچە كۈمۈش تەڭگىنى كۆرۈپ قالدى.

بۇ چاغدا «سەۋزە ساقال» ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى كۈمۈش تەڭگىنى تېپىشقا قىستىغان ھەيۋىسىنى يادىغا ئېلىپ، ھېچ-نېمىگە پەرۋا قىلماي قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قولىنى سوزۇپ، بىر كۈمۈش تەڭگىنى ئوغرىلاپ قاچتى.

## 3

— ئاپا، ئاپا، كۈمۈش تەڭگىنى تاپتىم، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— مەنمۇ تاپتىم دېدى، — رېپىك خانىم.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ قارىغىنا، ماۋۇ يەردە تۇرمامدۇ، —





# سەۋزە ساقال



دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ قارىغىنا، ماۋۇ يەردە تۇرامدۇ؟ ــ دېدى رېپىك خانىم.

ئىككىيلەن كۈمۈش تەڭگىلەرنى كۆرسەتتى.

ــ قىزىق ئىش! سەن نەدىن تېپىۋالدىڭ ئاپا، مەن مۇشۇ يولدىكى ئاۋۇ نەشپۈت دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن تېپىۋالدىم، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ توغرا ئېيتىسەن، لېكىن مەن يەنە بىر پەلتويۇڭنىڭ يانچۇقىدىن تېپىۋالدىم، كىيىم ئالماشتۇرغاندا يانچۇقۇڭدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنى ساڭا نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرغان بولساممۇ، يەنە ئۇنتۇپ قاپسەن، سېنى قەستەن ئىزدىتىپ، بۇرنۇڭغا سۇ كىرسۇن، دېمەكچىتتىم، ئەمدى سەندە ئىككى كۈمۈش تەڭگىنىڭ بولۇشىنى نەدىن بىلەي، پۇلۇڭ جىققەن جۇمۇ، بۇ پۇللارنى زادى كىم چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ ئويلىنىپ باقايچۇ... ھە، ھېلىقى باغۋەنىنىڭكىكەن؟

ــ يۈگۈرۈپ بېرىپ سوراپ باقايچۇ؟ ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ توختا، جىم تۇر، ئويلاپ باقايلى، ھىم... بۇنى مەن چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن، بۇ ئىشنى كېيىن تەكشۈرەر-مىز. غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ماڭ، بېرىپ ئوينا. ياق، ياق، توختاپ تۇر، يېپ ـ يېڭىنە تارتمىسىغا قاراپ باقاي، ــ دېدى رېپىك خانىم.

«سەۋزە ساقال» مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، ئاخىرقى بۇ



بىر ئېغىز سۆزنى ئاڭلاپ، يېنىپ كېلىپ ئاپسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ نەچچە قەدەم ماڭدى. تۇيۇقسىز ئاپسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، گەپ قىلماي، يولىنى توسۇپ بىر كاچىتىنى تۇتۇپ بەردى.

رېپىك خانىم ئۇڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇرىدىغاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— يالغان ئېيتىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، لېكىن بۇنداق يامان بولۇپ كېتىشىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، دەسلەپ توخۇ ئوغرىلايسەن، ئاندىن كالا ئوغرىلايسەن، ئاخىرى ئاپاڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرىسەن، — دېدى - دە، «چاڭ» قىلغان قاتتىق بىر شاپىلاق «سەۋزە ساقال» نىڭ تۇتۇپ بەرگەن كاچىتىغا تەگدى.





# ئاسىلىق

## 1

ــ «سەۋزە ساقال»، ئوبدان بالام، دۇكانغا بېرىپ بىر جىڭ ياغ ئەكىلىپ بەرگىنە، ــ دېدى رېپىك خانىم.

ــ ياق، بارمايمەن ئاپا، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ نېمە؟ نېمە دەۋاتىسەن؟ بارمايسەن؟ چۈش كۆرۈۋاتامسەن؟

ــ چۈش كۆرۈۋاتقىنىم يوق، ئاپا، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ بولدى، «سەۋزە ساقال»، سېنى دەرھال بىر جىڭ ياغ ئەكېلىشكە بۇيرۇيمەن، ــ دېدى رېپىك خانىم.

ــ ئاڭلىدىم، بارمايمەن، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ ئەمىسە، مەن چۈش كۆرۈپتىمەن ـ دە؟ تۇغۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم گېپىمگە قارشى چىقىشىڭ بولدى، ــ دېدى رېپىك خانىم.

ــ شۇنداق، ئاپا، ــ دېدى «سەۋزە ساقال».

ــ راستىنلا ئاپاڭنىڭ دېگىنىنى قىلمامسەن؟ ــ دېدى رېپىك خانىم.



— ئاپامنىڭ دېگىنىنى قىلمايمەن، راست، ئاپا، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ھىم! مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، يوقال كۆزۈمدىن! — دېدى رېپىك خانىم.

— يوقالمايمەن، ئاپا، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— يەنە ئاغزىڭنى يۇمامسەن، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى رېپىك خانىم.

— ئاغزىمنى يۇمىمەن، لېكىن يوقالمايمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

## 2

«سەۋزە ساقال» ئاغزىنى يۇمۇپ، مىدىرلىماي تۇردى.

— قاراڭلار، بۇ يەردە ئىنقىلاب بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى رېپىك خانىم پەلەمپەيدە تۇرۇپ.

راست، بۇ قېتىم «سەۋزە ساقال» تۇغۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. پوزىتسىيىسى ئىنتايىن تەكەببۇر بولۇپ، يەردە تىك دەسسەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاپىسىغا يۈرەكلىك قاراپ تۇراتتى.

رېپىك خانىم بۇ ھالنى كۆرگەنسېرى خاپا بولۇپ، ئۆيدىكىلەرنى، ھەتتا كوچىدا كېتىپ بارغانلارنى بۇ تاماشانى كۆرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك چاقىردى.

لېكىن كۈتۈلمىگىنى شۇ بولدىكى، «سەۋزە ساقال» ئىنتايىن تەمكىن بولۇپ، ئۆزى يالغۇز ئالدىرىماي ھويلىغا



چىقتى، بولۇپمۇ كۈتۈلمىگىنى شۇ بولدىكى، رىپىك خانىم ئۇنى ئۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالدى، ئىمكانقەدەر سەۋر قىلدى، لېكىن تەلۋىلىك ئۇنى توۋلىتىۋەتتى:

— دوستلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، «سەۋزە ساقال» نى ئازراق ئىش قىلىپ بېرىشكە چىرايلىقچە بۇيرۇپ، ئۇنىڭغا كوچىدا سەيلە قىلغاچ، دۇكانغا بېرىپ كېلىشنى ئېيتقانىدىم. ئۇنىڭ ماڭا قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بېقىڭلارچۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭلار سوراپ بېقىڭلار، بولمىسا، مېنى تۆھمەت قىلىۋاتامدىكىن دەپ قالىسىلەر!

بۇ جاۋابنى ھەممەيلەن پەرەز قىلىپ بولدى، «سەۋزە ساقال» نىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپلا بىلگەن ئىدى.

ئاچىسى ئېلىلىستىن كېلىپ، «سەۋزە ساقال» غا ئاپىسىغا بويسۇنۇش توغرىسىدا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلدى.

ئاكىسى فېنكىس «سەۋزە ساقال» نىڭ بۇنداق ئىنقىلاب قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. تۇنۇگۈن ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى؛ بۈگۈن باراۋەرلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىشقا باشلىدى، خۇش بولۇپ سەكرەپ كەتتى.

بۇ چاغدا «سەۋزە ساقال» كانىيىغا بىر نېمە تۇرۇپ قالغاندەك تەلەپپۇزدا (چۈنكى ئۇنىڭدا نورمال گەپ قىلىش ئادىتى يوق ئىدى) دادىسىغا مۇنداق دېدى:



— دادا، ئەگەر سەن دۇكاندىن ياغ ئەكېلىپ بېرىشنى

تەلەپ قىلغان بولساڭ، سەن ئۇچۇن باراتتىم، پەقەت سەن ئۇچۇن، لېكىن ئاپام ئۇچۇن بۇ يولنى مېڭىشنى خالىمايمەن.

دادىسى ئۇنىڭ بۇنداق بىر تەرەپكە ئېغىشىدىن سەل بىزار بولدى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ كەتكۈزۈۋېتىش ئۇچۇن، ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئېغىز تەربىيە بەرمەي بولمىدى.

لېكىن «سەۋزە ساقال» ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىملىقتا مېڭىپ يۈردى، مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.









## تۈگىمەس سۆز

شۇ كۈنى رېپىك خانىم ئاچچىقىدا ئاغرىپ قالدى، كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ، تاماققا چىقمىدى.

رېپىك كەچلىك تاماقنى بالىلىرى بىلەن بىللە يەپ بولغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— مەن بىلەن ئايلىنىپ كىرىشنى خالايدىغان ئادەم يوقمۇ؟

«سەۋزە ساقال» رېپىكنىڭ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنى تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئادەتتىكىگە ئوخشاش ياۋاشلىق بىلەن دادىسىغا ئەگىشىپ ئايلىنىپ كىرىشكە چىقىپ كەتتى.

باشتا ئۇلار بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىدى، لېكىن ئاخىرى رېپىك ئېغىز ئاچتى:

— يەنە نېمىنى كۈتىسەن؟ بايىتىن ئاپاڭنى ئازابلىغان ئىشىڭنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويامسەن؟

— قەدىرلىك دادا، ئۇزۇن ئارىسالدى بولدۇم، ئەمدى سەۋر قىلالمايمەن، ساڭا ئېيتىپ قوياي: ئاپامنى ئەمدى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».





— ۋاي، نېمىشقا؟ قاچاندىن باشلاپ، — دېدى رېپىك.

— ھەممە سەۋەبتىن، مەن ئۇنى تونۇغاندىن باشلاپ، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ھە! ئەمىسە ئۇنىڭ ساڭا يامان مۇئامىلە قىلغان جايلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە، — دېدى رېپىك.

— ماقۇم، ھە -ي دادا، سىز ئىش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، ماڭا قاراشقا چولىڭىز تەگمەيدۇ. ئاپامچۇ؟ ئۇ مەندىن باشقا، ئىتنىمۇ ئۇرمايدۇ. ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن، مېنىڭ ھەقىقەتەن مۇبالىغە قىلمىغانلىقىمنى بىلىسىز، لېكىن دادا، ھازىر ماڭا ئەقىل كۆرسىتىڭ، ئاپامدىن ئايرىلىپ كەتمەكچىمەن، سىزنىڭچە، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل قانداق بولۇشى كېرەك؟ — دېدى «سەۋزە ساقال».

— بىر يىلدا ئۇنى تەتىلدە ئىككى ئاي كۆرسەڭغۇ؟ — دېدى رېپىك.

— تەتىلنى مەكتەپتە ئۆتكۈزۈشۈمگە ئۇنامسىز؟ — دېدى «سەۋزە ساقال».

— تەتىلنى مەكتەپتە ئۆتكۈزسەڭ خەق مېنى بالىسىنى تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ، بەلكى ھازىرغىچە ساڭا ئاكاڭ بىلەن ئاچاڭغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىپ كەلدىم. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئالاھىدە بولۇۋالماسلىقىغا دىققەت قىلدىم، مەڭگۈ شۇنداق قىلىمەن، — دېدى رېپىك.

— ئەمىسە مەكتەپكە بارمايمەن، شۇنداق قىلىپ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».





# سەۋزە ساقال



— ھۆنەر؟ سېنى موزدۇزغا شاگىرتلىققا بېرەمدىم؟ — دېدى رېپىك.

— خالىغان يېرىڭىزگە ئاپىرىپ بېرىڭ، چۈنكى مەن ئەركىنلىكككە چىقالايمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— ئەپسۇس، بەك كىچىكتۇق، سېنى ئوقۇتۇشقا شۇنچە جىق پۇل خەجلەپ، ئاياغقا چەم سېلىشىڭنى كۆزلىگەنمىدىم، — دېدى رېپىك.

— لېكىن سىزگە ئېيتاي دادا، ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم! تۈنۈگۈن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— لېكىن تىرىك تۇرۇپسەن، دېمەك ئۆلۈشنى خالىمايدىكەنسەن. «سەۋزە ساقال»، يالغۇز ئۆزۈڭنى ئويلايدىغان بۇنداق شەخسىيەتچىلىك سېنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى رېپىك.

— دادا، ئاكام بەختلىك، ئاچام بەختلىك. ئاپام ئەگەر ماڭا قەستەن چاتاق سالمىغان بولسا، ئويلايمەنكى، تىلىمنى كېسىپ مۈشۈككە تاشلاپ بەرگەن بولسىمۇ رازى بولاتتىم. سىز ئۆيىمىزنىڭ ئىگىسى، ئاپاممۇ سىزدىن قورقىدۇ، بەختىڭىزگە مۇتلەق توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، نۇرغۇن كىشىلەر بەختلىك بولالايدۇ، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— سەۋر قىلىشىڭنى، ئۆزۈڭنى ئاسرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۆز ئالدىڭغا مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولغاندا ئەركىن بولىسەن، — دېدى رېپىك.

— ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى



بار، لېكىن كىمنىڭ تەقدىرى مېنىڭكىدىن ناچار؟ ئاپام بار، بىراق ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى «سەۋزە ساقال».

— مەنچۇ، مېنى ئۇنى ياخشى كۆرمىدىكىن دەمسەن؟ — دېدى رېپىك تاقەتسىزلىك بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «سەۋزە ساقال» كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، دادىسىنىڭ سوغۇق چىرايىغا، قېلىن ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا قاراپ كەتتى، قەلبىدە خۇشاللىق ئۆركەشلەيتتى.

«سەۋزە ساقال» ھەيرانلىقتىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى.

ئاندىن مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگەپ قولىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى مەھەللىگە سوزۇپ، توۋلىۋەتتى:

— ھەي، ئەسكى خوتۇن، مەن سەندىن نەپرەتلىنىمەن!



# سەۋزە ساقال

# 红萝卜须



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)